شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 10 ـ ئاي
28
چارشەنبە
维吾尔文 10 月28日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25228 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

## ئاپتونوم رايونىمىز 23 مىليارد 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار بىرىكمە مەبلەغ چۈشۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگە قەدەر، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 32 نامرات ناھىيە(قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن 22 ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە 23 مىليارد 424 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار بىرىكمە مەبلەغ چۈشۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز مەبلىغى 18 مىليارد 283 مىليون يۈەن(نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغى 11 مىليارد 716 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 6 مىليارد 567 مىليون يۈەن)، ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلىغى 5 مىليارد 141 مىليون يۈەن(نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغى 2 مىليارد 768 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 2 مىليارد 373 مىليون يۈەن) ئىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، نامرات ناھىيەلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار مەبلەغنى بىرىكتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش سىياسىتى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە يېزا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئىشلىتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان مەبلەغنى بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرىكتۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

### ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈش، تەجرىبىلەشتۈرۈش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستى

## ئائىلىلەر ھۆددىگە ئالغان تېرىلغۇ يەر ئوبوروت كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئاشتى

سۈيىكىلىك رولىنى قوزغىتىش پەيتىنى قولدىن بەرمەي كۆرەش قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئائىلىلەر ھۆددىگە ئالغان تېرىلغۇ يەر ئوبوروت كۆلىمى 10 مىليون 657 مىڭ 700 مو غا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 1 مىليون 510 مىڭ مو ئاشقان بولۇپ، ئائىلىلەر ھۆددىگە ئالغان تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 36.5%نى ئىگىلىگەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش، تەجرىبىلەشتۈرۈش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆسكەن.

مۇۋاپىق كۆلەملىك باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈسۈشى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرەك بولدى، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مۇھىم ئاساس سالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مارالبېشى ناھىيەسى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، يەر ئوبوروت قىلىش مۇساپىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتتى، نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ يەر ئوبوروت كۆلىمى 294 مىڭ 400 مو غا يەتتى. يەرلەر ئوبوروت قىلىنغاندىن كېيىن، تېرىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش . قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

ئاقتۇ ناھىيەسىدە:

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى بار بولدى ئۈنۈمسىز يەر مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئاقتۇ ناھىيەسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان.

ئىلگىرى ئاقتۇلۇقلار دائىم ئۆزلىرىنى «تېرىقچىلىق قىلايلى دېسەك يەر يوق، چارۋا باقايلى دېسەك ئوتلاق يوق، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنايلى دېسەك زاۋۇت يوق» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقتۇ ناھىيەسى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە مەھسۇلات ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

### ئىستىقباللىق جايغا كۆچۈش

«مەھسۇلاتىمىز تور ئارقىلىق قەشقەر، خوتەنلەرگە سېتىلدى، ئايلىق كىرىمىم 6000 يۈەندىن ئاشىدۇ، يەنە 12 نامرات ئائىلىنى مۇقىم ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدۇق.» 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى بىر كەشتىچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا، ئۈچىسىغا ھال رەڭلىك كۆڭلەك، بېشىغا تاجىك مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى دوپپىسىنى كىيگەن، نەپىس گىرىم قىلغان ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى ئايتىللا قىياپاي كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئايتىللا ئەسلىدە بۇ ناھىيەنىڭ تارتاجىك يېزىسى قۇزۇ كەنتىدە تۇراتتى. بۇ كەنت تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، قاتناش قولايسىز، تورمۇش ئۆلانمىغانىدى. «ئىلگىرى بىز كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى چارۋا بېقىشقا تايىناتتى، كۈنلىرىمىزنى ناھايىتى جاپادا ئۆتكۈزەتتۇق» دېدى ئايتىللا.

بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالمىسا، قانداق قىلىش كېرەك؟

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئىدىيە، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش

### ـــ ھەرقايسى جايلاردىكى لېكسىيە ئۆمەكلىرى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

سەھنىدە مۇتەخەسسىسلەر چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك، جانلىق، قالتىس سۆزلىدى؛ سەھنە ئاستىدا، ئاڭلىغۇچىلار پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇردى. ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوقۇم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرگە مۇجەسسەملەپ، كۈرەش ھالىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك دېگەن نۇقتىنى تۇرۇپ تۇرتكە بولىمىز.

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى تېزدىن ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئۆمەك باشلىقى، ئوبلاستتىكى تۆت يۈرۈش بەنزىدىكى رەھبەرلەر ئەزا بولغان لېكسىيە ئۆمىكى قۇرۇپ، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر(پورت)لەر،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز پىكىر چىقىرىپ، كۆپ خىل يول ئارقىلىق جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا مەدەت بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: يەككە تىجارەت، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە بولمىغان ھەمدە يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ھالىتى قاتارلىق جانلىق، كۆپ خىل ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلى ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆپ خىل يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى مۇھىم يول. يېقىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ خىل يول ئارقىلىق جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا مەدەت بېرىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يولغا قويۇش پىكرى» دېيىلىدۇ) چىقىرىلىپ، جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا مەدەت بېرىشنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، تۈرلۈك تەدبىرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھام بېرىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ھاياتى كۈچى ۋە يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقان مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 16 ۋەكىلى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## قەشقەر ۋىلايىتىدە بارلىق خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى

### دوكلات قىلىنغان كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى مۇسبەت چىققان 183 كىشىدىن سىرت، قالغانلارنىڭ ھەممىسى مەنپىي چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاچقان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، قەشقەر ۋىلايىتى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



سۇلۇق يەر گۈزەللىككە تولدى  ياۋا غازلار ئۇزۇلمىدى

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ياۋا غازلار ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى سۇلۇق يەر باغچىسىغا ماكانلىشىپ، ئوزۇق ئىزدىمەكتە.
□ خۇا يەنىمىڭ فوتوسى

### بۇ كارخانا خىزمەتچىلەرنى 52 كۈن دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى

## پاختا تېرىشقا بېرىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىڭلار

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئېلىشقۇ بازىرى دۆڭئېرىق كەنتىگە جايلاشقان شىنجاڭ جىنيىشاڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىدە، ئالتە زاۋۇت ئۆيى قۇپقۇرۇق ئىدى، پەقەت ساناقلىقلا ئادەم ئۇسكۈنىدە مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى. «شىركەت خىزمەتچىلەرنى 52 كۈن دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى، 357 نەپەر ئايال خىزمەتچىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مارالبېشى ناھىيەسىگە پاختا تەرگىلى كەتتى» دېدى شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى چېن ۋېنخۇي.

جىنيىشاڭ شىركىتى يەكەن ناھىيەسىدىكى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش بويىچە قۇرۇلغان كارخانا بولۇپ، 2019 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېلىشقۇ بازىرىغا ماكانلاشقان، ئاساسلىقى كىيىم ـ كېچەك پىششىقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شىركەت رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، خىزمەت كىيىمى زاكىزى ئۈزۈلمىدى.

«كارخانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 6000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئالتە زاۋۇت ئۆيىدە 420 ماشىنا بار، 400دىن كۆپرەك ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.» چېن ۋېنخۇي مۇنداق دېدى: كارخانا ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئېلىشقۇ بازىرىنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدىكى ئاياللار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 383 ئادەمگە يېتىپ، تويۇنۇشقا يېقىنلىشىپ قالدى. ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشسا، قىش كۈنلىرى سوغۇق كۆرمەيدۇ، ياز كۈنلىرى ئاپتاپتا قالمايدۇ، مۇقىم كىرىمى بولۇپلا قالماي، يەنە چوڭلارنىڭ، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنى بەكلا جەلپ قىلدى.

ياخشى خىزمەت مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن، كارخانا ھەر ھەپتىدە تۈرى ئوخشىمايدىغان ئوزۇقلۇق چۈشلۈك تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، ياز پەسلىدە لۇدوۋتاڭ، تاۋۇز ۋە ماروژنى بىلەن تەمىنلىدى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)